«سۈر توشقان» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى

# بىر مىليون قېتىم تىرىلگەن مۈشۈك

# 活了100万次的猫



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

«سۈر توشقان» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى

# بىر مىليون قېتىم تىرىلگەن مۈشۈك

# 活了 100 万次的猫

تەرجىمە قىلغۇچى: ئوسمانجان مۇھەممەد



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目（CIP）数据

活了100万次的猫：维汉对照 / 新疆师范大学美术系动漫专业组编绘；吾斯曼江·木合麦提译. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2014.12
（灰灰兔绘本系列）
ISBN 978-7-5469-3746-5

Ⅰ. ①活… Ⅱ. ①新… ②吾… Ⅲ. ①儿童文学－图画故事－中国－当代 Ⅳ. ①I287.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2014)第 298525 号

策　　划：于文胜
责任编辑：乌尔古丽·努热克
美术编辑：阿扎提·巴拉提
装帧设计：木扎帕尔·热依木
责任复审：吐尔洪·吐尼亚孜
责任决审：亚森·吾不力哈斯木
责任印制：刘伟煜

书　　名　灰灰兔绘本系列 —— 活了 100 万次的猫（维汉对照）
译　　者　吾斯曼江·木合麦提
出　　版　新疆美术摄影出版社（www.xjdzyx.com）
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路 5 号（邮编 830026）
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
网　　购　当当网、京东商城、亚马逊、淘宝网、天猫、读读网、淘宝网·新疆旅游书店
制　　版　新疆读读精品网络出版有限公司数字印务中心
印　　刷　北京新华印刷有限公司
开　　本　787 mm × 1092 mm　1/12
印　　张　3
版　　次　2014 年 12 月第 1 版
印　　次　2015 年 5 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-3746-5
定　　价　16.80 元

网络出版　读读网（www.dudu-book365.com）
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店（http://shop67841187.taobao.com）



بىر مۈشۈك بىر مىليون يىل ياشاپمۇ ئۆلمەپتۇ.

ئەمەلىيەتتە، بۇ مۈشۈك بىر مىليون قېتىم ئۆلۈپ، بىر مىليون قېتىم تىرىلگەن چىرايلىق چىپار مۈشۈك ئىكەن.

بىر مىليون ئادەم بۇ مۈشۈكنى ئەتىۋارلاپ باققان بولۇپ، ئۇلار بۇ مۈشۈك ئۆلۈپ قالغاندا يىغلىشىپتۇ.

ئەمما مۈشۈك بىر قېتىممۇ يىغلاپ باقماپتۇ.

有一只 100 万年也不死的猫。

其实猫死了 100 万次，又活了 100 万次。

是一只漂亮的虎斑猫。

有 100 万个人宠过这只猫，有 100 万个人在这只猫死的时候哭了。

可是猫连一次也没有哭过。



بىر قېتىم ئۇ پادىشاھنىڭ مۆشۈكى بوپتۇ. لېكىن مۆشۈك پادىشاھنى ياقتۇرمايدىكەن.

پادىشاھ ئۇرۇش قىلىشقا ھېرىسمەن بولۇپ، دائىم ئۇرۇش قوزغايدىكەن. بىر قېتىم ئۇرۇش قىلغان ۋاقىتتا، پادىشاھ مۆشۈكنى چىرايلىق بىر سېۋەتنىڭ ئىچىگە سېلىپ، ئۆزى بىلەن بىللە ئې-لىۋاپتۇ.

بىركۈنى، مۆشۈك ئۇچقاندەك كەلگەن يا ئوقىدا ئۆلۈپ قاپتۇ.

ئۇرۇش قىلىۋاتقان پادىشاھ مۆشۈكنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، پادىشاھ ئۇرۇشمۇ قىلماي ئوردىسىغا قايتىپ كەپتۇ - دە، مۆشۈكنى شاھ ئوردىسىنىڭ ھويلىسىغا كۆمۈپ قويۇپتۇ.

有一回,猫是国王的猫。

猫讨厌什么国王。

国王爱打仗,总是发动战争。打仗时,国王把猫装在漂亮的篮子里,带在身边。

有一天,猫被一支飞来的剑射死了。

正打着仗,国王却抱着猫哭了起来。

国王仗也不打了,回到了王宫,然后,把猫埋到了王宫的院子里。



بىر قېتىم ئۇ دېڭىزچىنىڭ مۈشۈكى بوپتۇ.

مۈشۈك دېڭىزچىدىن بىزار ئىكەن.

دېڭىزچى مۈشۈكنى ئېلىپ پۈتۈن دۇنيادىكى دېڭىز - ئوكيان ۋە پورتلارنى ئايلىنىپ چىقىپتۇ.

بىركۈنى، مۈشۈك پاراخوتتىن چۈشۈپ كېتىپتۇ.

مۈشۈك سۇ ئۈزۈشنى بىلمىگەچكە، دېڭىزچى تور ئارقىلىق مۈشۈكنى سۈزۈۋاپتۇ، بىراق مۈشۈك يەنىلا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قاپتۇ.

دېڭىزچى سۇغا چىلانغان دەسمالدەك تۇرغان مۈشۈكنى قۇچاقلاپ قاتتىق يىغلاپ كېتىپتۇ. ئاندىن مۈشۈكنى يىراقتىكى بىر پورت شەھىرىگە ئېلىپ بېرىپ، باغچىدىكى دەرەخنىڭ ئاستىغا كۆمۈپ قويۇپتۇ.

有一回,猫是水手的猫。

猫讨厌什么水手。

水手带着猫走遍了全世界的大海和全世界的码头。

有一天,猫从船上掉了下来。

因为猫不会游泳,水手连忙用网把猫捞了上来,可猫还是淹死了。

水手抱着像一块湿抹布似的猫,大声地哭起来。然后,他把猫带到了远方一座港口城市,埋在了公园的树下。


GIN

يەنە بىر قېتىم، ئۇ سىرىك ئۆمىكىدىكى سېھىرگەرنىڭ مۈشۈكى بوپتۇ.

مۈشۈك سىرىك ئۆمىكىنى ياقتۇرمايدىكەن.

سېھىرگەر ھەر كۈنى مۈشۈكنى بىر ساندۇققا سولاپ، ساندۇقنى ھەرە بىلەن كېسىپ ئىككى بۆلەك قىلىپ، ئاندىن يەنە مۈشۈكنى زىيان - زەخمەتسىز ساندۇقتىن چىقىرىدىكەن ۋە شۇ ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىدىكەن.

بىركۈنى، سېھىرگەرنىڭ سېھرى كارغا كەلمەي، مۈشۈكنى ئىككى بۆلەك قىلىپ كېسىۋېتىپتۇ.

سېھىرگەر ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن مۈشۈكنى تۇتقىنىچە قاتتىق يىغلاپتۇ.

بۇ قېتىم، ھېچكىم چاۋاك چالماپتۇ.

سېھىرگەر مۈشۈكنى سىرىك ئۆمىكىنىڭ كەينىگە كۆمۈپ قويۇپتۇ.

有一回，猫是马戏团魔术师的猫。

猫讨厌什么马戏团。

魔术师每天把猫装到一个箱子里，用锯子锯成两半儿，然后把完好无损的猫从箱子里抱出来，换来一片掌声。

有一天，魔术师失手了，真的把猫锯成了两半儿。

魔术师两手拎着两半儿的猫，大声地哭起来。

这次，谁也没有鼓掌。

魔术师把猫埋到了马戏团的后面。


CIRCUS

يەنە بىر قېتىم، ئۇ ئوغرىنىڭ مۈشۈكى بوپتۇ.

مۈشۈك ئوغرىنى ياقتۇرمايدىكەن.

ئوغرى مۈشۈكنى ئەگەشتۈرۈپ، قاراڭغۇلۇقتا تولغان كەنتكە خۇددى مۈشۈكتەك ئاستا كىرىپ كەپتۇ.

ئوغرى پەقەت ئىت باقىدىغان ئۆيدىن نەرسە ئوغرىلايدىكەن. ئىت مۈشۈككە ئېتىلىپ قاۋدىغان ۋاقىتتا ئوغرى بىخەتەرلىك ساندۇقىنى ئاچىدىكەن. بىركۈنى، ئىت مۈشۈكنى چىشلەپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ.

ئوغرى ئۆلگەن مۈشۈكنى ۋە ئوغرىلىۋالغان ئالماسنى قۇچاقلاپ، قاراڭغۇلۇقتا پاتقان كەنتتە ماڭغاچ يىغلاپتۇ. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئوغرى مۈشۈكنى ھويلىسىغا كۆمۈپ قويۇپتۇ.

有一回,猫是小偷的猫。

猫讨厌什么小偷。

小偷领着猫,在漆黑的小镇上,像猫一样悄悄地转来转去。

小偷只偷养狗的人家。趁着狗冲着猫叫的时候,小偷撬开保险箱。一天,猫被狗咬死了。

小偷抱着猫和偷来的钻石,在夜晚的小镇上边走边哭。然后,回到家里,把猫埋在了小院子里。



بىر قېتىم، ئۇ ياشانغان بىر تۇل موماينىڭ مۈشۈكى بوپتۇ.

مۈشۈك مومايدىن بىزار ئىكەن.

موماي كۈندە مۈشۈكنى قۇچاقلاپ، دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ تۇرىدىكەن.

مۈشۈك بولسا ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە موماينىڭ پۇتىدا خورەك تارتىپ ئۇخلايدىكەن.

ئۇزاق ئۆتمەي، مۈشۈك ئۆلۈپ قاپتۇ. موماي تەمتىلگىنىچە ئۆلۈپ قالغان مۈشۈكنى قۇچاقلاپ بىر كۈن يىغلاپتۇ.

موماي مۈشۈكنى ھويلىدىكى دەرەخنىڭ ئاستىغا كۆمۈپ قويۇپتۇ.

有一回，猫是一个孤独老太太的猫。

猫讨厌什么老太太。

老太太每天抱着猫，从小窗户往外看。

猫整天在老太太的腿上睡大觉。

不久，猫老死了。摇摇晃晃的老太太抱着死了的猫，哭了一整天。

老太太把猫埋在了院子的树底下。



بىر قېتىم، ئۇ كىچىك قىزچاقنىڭ مۈشۈكى بوپتۇ.

مۈشۈك كىچىك قىزچاقنىمۇ ياخشى كۆرمەيدىكەن.

كىچىك قىزچاق بەزىدە مۈشۈكنى دۈمبىسىگە ئېلىپ ئوينىسا، بەزىدە مۈشۈكنى چىڭ قۇچاقلاپ ئۇخلايدىكەن. كىچىك قىزچاق يىغلىغان ۋاقىتتىمۇ مۈشۈكنىڭ دۈمبىسىگە يېشىنى سۈرتىدىكەن.

بىركۈنى، مۈشۈك كىچىك قىزچاقنىڭ دۈمبىسىدىكى تاسمىغا قىسىلىپ بوغۇلۇپ قاپتۇ.

كىچىك قىزچاق بېشى ساڭگىلاپ قالغان مۈشۈكنى قۇچاقلاپ، پۈتۈن بىر كۈن يىغلاپ چىقىپتۇ. ئاندىن كېيىن، مۈشۈكنى ھويلىدىكى دەرەخنىڭ ئاستىغا كۆمۈپ قويۇپتۇ.

مۈشۈك ئەمدى ئۆلۈش - ئۆلمەسلىككە پەرۋا قىلماس بولۇپ قاپتۇ.

有一回,猫是一个小女孩的猫。

猫讨厌什么小女孩。

小女孩有时把猫背在背上玩,有时紧紧地搂着猫睡觉。她哭的时候,还会用猫的后背来擦眼泪。

有一天,猫被小女孩后背的带子勒死了。

小女孩抱着耷拉着脑袋的猫,哭了一整天。然后,她把猫埋到了院子的树底下。

猫已经不在乎死不死了。



شۇنىڭدىن كېيىن، مۈشۈك باشقىلارنىڭ مۈشۈكى بولماپتۇ.
ئۇ ئەمدى ياۋايى مۈشۈككە ئايلىنىپتۇ.
مۈشۈك تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ مۈشۈكى بوپتۇ.
مۈشۈك ئۆزىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىكەن.
نېمىلا دېگەن بىلەن، چىپار مۈشۈك ئاخىر چىرايلىق ياۋا مۈشۈككە ئايلىنىپتۇ.

后来，猫不再是别人的猫了。

成了一只野猫

猫头一次变成了自己的猫。

猫太喜欢自己了。

怎么说斑猫终于变成了漂亮的野猫。



مەيلى قايسى بىر چىشى مۈشۈك بولسۇن، ئۇنىڭ جۈپتى بولۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدىكەن.

بەزىلىرى چوڭ بېلىقنى سوۋغا قېپتۇ، بەزىلىرى چاشقان سوۋغا قېپتۇ، بەزىلىرى ئاز ئۇچرايدىغان ئۆسۈملۈك دورىلىرىنى سوۋغا قېپتۇ، يەنە بەزىلىرى ئۇنىڭ چىرايلىق چىپار تۈكلىرىنى يالاپ قويۇپتۇ. بىراق مۈشۈك:

— مەن بىر مىليون قېتىم ئۆلۈپ بولغان! مەن بۇنداق نەرسىلەرنى يېمەيمەن! — دەپتۇ.

چۈنكى مۈشۈك ھەممىدىن بەكرەك ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىكەن.

不管是哪一只母猫,都想成为他的新娘。

有的送条大鱼当礼物,有的献上新鲜的老鼠,有的送来了稀罕的草药,还有的去舔他那漂亮的虎斑纹。

可猫却说:

“我可死过 100 万次呢! 我才不吃这一套!”

因为猫比谁都喜欢自己。



پەقەت بىر مۈشۈكلا ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماپتۇ، بۇ مۈشۈك ئىنتايىن چىرايلىق ئاق مۈشۈك ئىكەن.

چىپار مۈشۈك بۇ ئاق مۈشۈكنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— مەن بىر مىليون قېتىم ئۆلۈپ بولغان! — دەپتۇ.

— ھە، — ئاق مۈشۈك بىر ئېغىزلا جاۋاب قايتۇرۇپتۇ.

چىپار مۈشۈكنىڭ بىرئاز ئاچچىقى كەپتۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزىنى بەكلا ياخشى كۆرىدىكەن.

ئىككىنچى كۈنى، ئۈچىنچى كۈنى، ئۇ يەنىلا ئاق مۈشۈكنىڭ قېشىغا كېلىپ، — سىز بىر قېتىممۇ ئۆلۈپ باقمىغانسىز؟ — دەپتۇ.

— ھە، — ئاق مۈشۈك يەنە شۇ بىر ئېغىزلا جاۋاب قايتۇرۇپتۇ.

只有一只猫连看也不看一眼，是一只美丽的白猫。

猫走过去说："我可死过 100 万次呢！"

"噢。"

白猫只说了这么一声。

猫有点生气了，怎么说呢，因为他太喜欢自己了。

第二天、第三天，他都走到白猫的身边，说："你连一次也没活完吧？"

"噢。"

白猫只说了这么一声。



بىركۈنى، چىپار مۈشۈك ئاق مۈشۈكنىڭ ئالدىدا ئۈچ موللاق ئېتىپ مۇنداق دەپتۇ:

— مەن يەنە سىرىك ئۆمىكىنىڭمۇ مۈشۈكى بولۇپ باققان.

— ھە، — ئاق مۈشۈك جاۋاب قايتۇرۇپتۇ.

— مەنچۇ، بىر مىليون قېتىم ئۆلۈپ باققان...

شۇنداق دەپ يېرىمىغا كەلگەندە، ئۇ ئاق مۈشۈكتىن:

— مەن يېنىڭىزدا قالسام بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ماقۇل، — ئاق مۈشۈك شۇنداق دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، چىپار مۈشۈك ئاق مۈشۈكنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قاپتۇ.

有一天,虎斑纹在白猫的面前一连翻了三个跟头,说:

“我呀,还当过马戏团的猫呢。”

“噢。”

白猫只说了这么一声。

“我呀,我死过 100 万次……”

说道一半的时候,他问白猫:“我可以待在你身边吗?”

“好吧。”

白猫说。

就这样,他一直待在了白猫的身边。



ئاق مۆشۈك نۇرغۇن ئۇماق ئاسلانلارنى تۇغۇپتۇ.

چىپار مۆشۈك ئەمدى «مەنچۇ، بىر مىليون قېتىم ئۆلۈپ باققان... » دېگەندەك گەپلەرنى دېمەس بوپتۇ.

چىپار مۆشۈك ئاق مۆشۈك ۋە ئاسلانلارنى ئۆزىدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىدىغان بوپتۇ.

白猫生了好多可爱的小猫。

猫再也不说“我呀,我死过 100 万次······”了。

猫喜欢白猫和小猫们,胜过喜欢自己。



ئاسلانلار چوڭ بولۇپ، بىر ـ بىرلەپ كېتىپ قاپتۇ.

— ئۇلارنىڭ ھەممىسى چىرايلىق ياۋا مۆشۈككە ئايلىنىپتۇ.

— ھەئە، — دەپتۇ ئاق مۆشۈك ۋە ئارقىدىنلا يېقىملىق «خىر ـ خىر» ئاۋاز چىقىرىپتۇ.

ئاق مۆشۈك بارغانسېرى قېرىشقا باشلاپتۇ.

چىپار مۆشۈكمۇ ئاق مۆشۈككە تېخىمۇ كۆيۈنۈپتۇ، ئۇمۇ يېقىملىق «خىر ـ خىر» ئاۋاز چىقىرىپتۇ.

ئۇنىڭ ئاق مۆشۈك بىلەن مەڭگۈ بىللە ياشىغۇسى بار ئىكەن.

小猫们长大了，一个个走掉了。

“他们都成了漂亮的野猫啦。”

“噢。”

白猫说，然后她的嗓子眼儿发出来温柔的“咕噜咕噜”声。

白猫慢慢地老了。

猫对白猫更温柔了，嗓子眼儿里也发出了“咕噜咕噜”声。

他多想和白猫永远地一起活下去呀！



بىركۈنى، ئاق مۈشۈك چېپار مۈشۈكنىڭ قۇچىقىدا ياتقىنىچە مىدىرلىماپتۇ.

چېپار مۈشۈك ئاق مۈشۈكنى قۇچاقلىغىنىچە قاتتىق يىغلاپ كېتىپتۇ، بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم يىغلىشى ئىكەن. ئۇ ئەتىگەندىن - كەچكىچە توختىماي يىغلاپتۇ، چېپار مۈشۈك بىر مىليون قېتىمدىن ئارتۇق كۆز يېشى قىپتۇ.

ئەتىگەندىن - كەچكىچە...

بىركۈنى چۈشتە، چېپار مۈشۈكنىڭ يىغىسى توختاپتۇ.

چېپار مۈشۈك جىمجىت ھالەتتە ئاق مۈشۈكنىڭ قېشىدا يېتىپتۇ.

有一天，白猫静静地躺倒在猫的怀里一动也不动了。

猫抱着白猫，流下了大滴大滴的眼泪，他头一次哭了。从晚上哭到早上，又从早上哭到了晚上，哭啊哭啊，猫哭了有 100 万次。

早上，晚上……

一天中午，猫的哭声停止了。

猫静静地、一动不动地躺在了白猫的身边。



**چىپار مۈشۈك شۇنىڭدىن كېيىن قايتا تىرىلمەپتۇ.**

**猫在也没有活过来。**





بۇ كىتاب جيېلى نەشرىياتىنىڭ 2004 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى ، 2014 ـ يىلى 3 ـ ئاي 27 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据接力出版社 2004 年 10 月第 1 版，2014 年 3 月第 27 次印刷版本翻译出版。

**پىلانلىغۇچى:** يۈ ۋېنشىڭ
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ھۆرىگۈل نۇر
**گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى:** ئازات بارات
**بەت لايىھەلىگۈچى:** مۇزەپپەر رېھىم

**قايتا تەكشۈرگۈچى:** تۇرغۇن تۇنىياز
**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** ياسىن ئوبۇلقاسىم
**باسما مەسئۇلى:** ليۇ ۋېييۇ

**«سۇر توشقان» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى**

# بىر مىليون قېتىم تىرىلگەن مۈشۈك

**تەرجىمە قىلغۇچى:** ئوسمانجان مۇھەممەد

---

**نەشرىيات:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكتىرون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 830026
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**تور دۇكىنى:** داڭ داڭ، جىڭدۇڭ، ئامازون، تاۋباۋ، تيەنماۋ، دۇدۇ، تاۋباۋ . شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى
**بەت ياسىغۇچى:** شىنجاڭ «ئوقۇ» سەرخىل كىتابلار تور نەشرىياتچىلىقى چەكلىك شىركىتى
رەقەملىك مەتبەئە مەركىزى
**زاۋۇت:** بېيجىڭ شىنخۇا مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**فورماتى:** 1092 × 787 مىللىمېتىر، 1/12
**باسما تاۋىقى:** 3
**نەشرى:** 2014 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2015 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 5469 - 3746 - 5
**باھاسى:** 16.80 يۈەن

---

تور نەشرى: دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)
تور كىتابخانىسى: تاۋباۋ تورى، شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئازات بارات



ISBN 978-7-5469-3746-5

定价：16.80元